# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى

(رەسىملىك نۇسخىسى)

(16)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سەلەي چاقچاقان لەتىپىلىرى

(رەسىملىك نۇسخىسى)

لەتىپىلەرنى رەتلىگۈچى: ئۈچقۇنجان ئۆمەر
رەسىمىنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

16



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پىلانلىغۇچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: تۇرغۇن تۇنىياز، ھۆررىيەت نىياز
مەسئۇل كوررېكتورى: ھۆررىيەت نىياز
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئازات بارات
قايتا تەكشۈرگۈچى: تۇرغۇن تۇنىياز
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
باسما مەسئۇلى: لىيۇ ۋېيىيۇ

# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى (16)

(رەسىملىك نۇسخىسى)

لەتىپىلەرنى رەتلىگۈچى: ئۇچقۇنجان ئۆمەر
رەسىمنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

---

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830026
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
تور دۇكىنى: داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تاۋباۋ، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
بەت ياسىغۇچى: شىنجاڭ «ئوقۇ» سەرخىل كىتابلار تور نەشرىياتچىلىقى چەكلىك شىركىتى رەقەملىك مەتبەئە مەركىزى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/16
ئومۇمىي باسما تاۋىقى: 30
نەشرى: 2015 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2016 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 7808 - 6
ئومۇمىي باھاسى: 100.00 يۈەن (جەمئىي 10 كىتاب)

---

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

---

# كىرىش سۆز

سەلەي چاققان بىر ئۇلۇغ تارىخىي شەخس. ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ لەتىپە ـ چاقچاق ژانىرىدا يۇلتۇز كەبى چاقناپ تۇرغان مىللەت بايلىقىنىڭ بىرى. ئۇ داڭلىق لەتىپىچى، قىزىقچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تالانتلىق خەلق قوشاقچىسى، راۋابچى، ئەلنەغمىچىدۇر.

سەلەي چاققان 1790 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال يېزىسىدا ناۋاي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1850 ـ يىلى ئانا يۇرتىدا ۋاپات بولغان. سەلەي چاققان كىچىك ۋاقتىلىرىدىن باشلاپ خۇش مىجەز دادىسىنىڭ ياخشى مىجەز ـ خاراكتېرىنى ئۆبدان ئىگىلىگەن. ئۇ پۈتكۈل ھاياتىدا نۇرغۇن يۇرتلارنى كېزىپ، مۇڭلۇق راۋابىنى چېلىپ قوشاق ئېيتىپ، لەتىپىلەرنى سۆزلەپ، خەلق بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولغان. نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە يېڭىلىققا تەلپۈنۈپ ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى سەلەي چاققاننىڭ خەلقپەرۋەر سەنئەتكار بولۇپ يېتىلىشىگە ئاساس سالغان. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ پايدىسىغا كۈلۈپ، زىيىنىغا يىغلىغان. پۈتكۈل ھاياتىدا چىرىك، كونا ھاكىمىيەتنىڭ قولچوماقچىلىرىنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىپ، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ قىساس ـ ئۆچلىرىنى ئېلىپ بېرىدىغان يالقۇنلۇق قو-

شاقچى، ئۆتكۈر لەتىپىچى، قىزىقچى سۈپىتىدە داڭ چىقارغان. سەلەي چاققان خۇش مىجەز، گەپ ـ سۆزدە ھازىر جاۋاب، ھەر-كەتتە چېۋەر، چەبدەس بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى «سەلەي چاققان» دەپ تەرىپلەشكەن. بۇ نام ھازىرغا قەدەر كىشى-لەر ئارىسىدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ شەكلى خىلمۇخىل بولۇپ، ھەم نەسرىي شەكىلدە بايان قىلىنغان لەتىپىلەر، ھەم نەزم ـ شېئىرىي شەكىلدە ناخشا ـ قوشاق، سۆز ئويۇنى شەكلىدە بايان قىلىنغان لەتىپىلەر بار. بۇ لەتىپىلەرنىڭ شەكلىنىڭ قانداق بو-لۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۈتۈن لەتىپىلەردە ماھىيەتلىك بىر نۇقتا بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرىنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىك-لىرىنى قانۇنىيەتلىك ھالدا تۈگۈن، يېشىم، يەكۈنلىرىنى نامايان قىلغان.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ 200 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ، ئۈزۈكسىز بېيىپ، ئۈزۈكسىز مۇكەممەل-لىشىپ، ئۈزۈكسىز كەڭ تارقىلىپ كېلىشى شۇنى ئىسپاتلىدى-كى، ئۇنىڭ لەتىپىلىرىدە كەڭ تېما، ساغلام مەزمۇنغا يانداش يۇ-مۇرىستىك تىل مەۋجۇت. تىل ــ لەتىپىنىڭ جېنى، قانىتى. سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بار بولۇپ، ئۇنىڭ تىلى ئومۇمىي خەلق تىلى، پۇقرالار تىلى، ئاممىباب تىل بولۇشتەك ئۆزگىچىلىكى بىلەن ھەممە كىشىگە، ھەممە جايغا باب كېلىدۇ. بۇ لەتىپىلەردە ئەينى دەۋردىكى ئەمگەكچى خەلق قاتلى-

مىدىن باشقا يەنە خان ـ پادىشاھ، ۋەزىر ـ ئۆلىما، ھاكىم، بەگ،
باي، غوجايىن، قازى، شاڭيو، دورغا، يايى ـ پاششاپ، گەيجاڭ، يا-
ساۋۇل ـ چېرىك قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ ھەربىر تەبىقىلىرىنىڭ
رەڭگىرويى، ئىچكى دۇنياسىنى تولۇق كۆرگىلى، ئۇلارنىڭ ئا-
دەملىك قىممىتىنى تارازىغا سېلىپ باھالىغىلى بولىدۇ.
بۇلارنى يورۇتۇشتا سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ تىلى ھەل
قىلغۇچ رول ئوينىغان. يەنە بەزى لەتىپىلەردە قوللىنىلغان
ماقال ـ تەمسىللەر، ئىدىيوملار، تېپىشماقلار ۋە ھېكمەت دۇردا-
نىلىرى ـ ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي
ھېس ـ تۇيغۇسىنى كۈچلۈك سۈرەتلەپ، قەدىمىي مىللەتلەر قا-
تارىدىكى نوپۇزلۇق ئورنىنى دۇنيا خەلقىگە نامايان قىلىپ
بەرگەن. سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ قويۇق مىللىي پۇراق ۋە
يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولالىغانلىقى، لەتىپە ۋەقەلىكى ۋە
يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ ساقلىنىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملى-
شىپ كېلەلىگەنلىكى، تۈزۈلۈشىدىكى ئىخچاملىق، ئېيتىشقا،
يادلىۋېلىشقا، ئەستە قالدۇرۇشقا قولايلىق بولغانلىقى، بولۇپمۇ
يۇمۇرىستىك تۇيغۇغا باي بولغانلىقى ـ ئۇنىڭ خەلق ئارىسىغا
كەڭ تارقىلىشىنىڭ مۇھىم بىر ئامىلىدۇر.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سەلەي
چاققان لەتىپىلىرىدە تارىخىي، ئەقلىي، پەلسەپىۋى مەزمۇنلاردىن
باشقا يېڭى دەۋر مەزمۇنىدىكى لەتىپىلەرمۇ مەلۇم سالماقنى ئى-
گىلەيدۇ. دەۋر چاقىنىڭ ئۈزۈكسىز ئىلگىرىلىشىگە ۋە تۈرلۈك

دەۋر يېڭىلىقلىرىنىڭ ئۇزۇكسىز مەيدانغا كېلىشىگە ئەگە-
شىپ، تارىخىي، ئەنئەنىۋى لەتىپىلەرنى ئاساسىي تۈزۈك ۋە ئا-
ساسىي گەۋدە قىلغان ئاساستا يېڭى دەۋردىكى تۈرلۈك - تۈمەن
ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن لەتىپىلەر كۆڭلىمىزنى تې-
خىمۇ خۇشال قىلىدۇ. بۇ لەتىپىلەر زامانغا لايىقلاشقان ھالدا تو-
قۇلغان، تارقالغان. داڭدار سەلەي چاققاننىڭ نامى بىلەن چەم-
بەرچاس باغلانغان. بۇ لەتىپىلەر سەلەي چاققان لەتىپىلىرىگە
يېڭى تۈس ۋە يېڭى مەزمۇن قوشۇپ، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپە-
لىرىگە ئوخشاش جۇغلانغان ئەقىل ئابىدىسىگە ئايلانغان.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرى بىر پۈتمەس - تۈگىمەس
خەزىنىدۇر. بىز بۇ بىر يۈرۈش 10 قىسىم «سەلەي چاققان
لەتىپىلىرى»نى بىر لەتىپىگە بىر رەسىم ياندىشتۇرۇپ
ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇق. سەلەي چاققاننىڭ
پورترېتىنى يارىتىشتا داڭلىق رەسسام غازى ئەھمەد ياراتقان
پورترېتتىن ئەجايىپ پايدىلاندۇق. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن
سەلەي چاققانشۇناسلىق ساھەسىدە ئىزدىنىۋاتقانلار،
رەسساملارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز ھەم
بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى تەييارلاشقا يېقىندىن مەدەت بەرگەن
بارلىق ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

# مۇندەرىجە


ئالىغاي ...... 2

ھازىر ئۇنىڭ ئەڭ ئالدىراش ۋاقتى ...... 4

ئامبالدىن ئۇزاق ياشايدۇ ...... 6

يامان غەرەزلىك ئادەمنىڭ قىلغان ئىشى ...... 8

مۇشۇ تۇخۇم بولمامدۇ؟ ...... 10

دۇتار ـ راۋاب ...... 12

لاي ـ لىلاي ...... 14

ئوبدان بولامتى؟ ...... 16

قايتىپ كېتەي دېگەنىدىم ...... 18

بىرلا نەرسىنى يەپ باقمىدى ...... 20

پۈتۈن خىيالىم پۇلدا بولۇپ كېتىپتۇ ...... 22

جىمى گۇناھ بۇرنۇمدا ...... 24

«بەك» ...... 26

خۇشامەت ...... 28

ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىۋالسۇن دەپ ...... 30

قەنتتەك گەپ قىلدىلا ...... 32

يېيىش ئۈچۈنمۇ ياكى تانسا ئويناش ئۈچۈنمۇ؟ ...... 34

مانتا ئىچىدىن ئادەم چىقتى ...... 36

ئىككى ھەپتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئاندىن كېلەي ...... 38

دىدارلىرىنى كۆرۈۋالسۇن ...... 40

# ئالىغاي

بىر كۈنى قازى قامچىسىنى شىلتىپ سەلەي چاققانغا پوپوزا قىلغانىكەن، سەلەي چاققانىنىڭ بىر كۆزى قويۇلۇپ كەتكىلى تاس قاپتۇ ۋە كېيىن ئالىغايراق ساقىيىپتۇ. ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ قازى سارىيىغا يىغىلغان بەگ ـ تۆرىلەر: «سەلەي چاققان بولمىسا، سورۇن قىزىمايدىكەن» دېيىشىپ ئۇنى چاقىرىپ كېلىشىپتۇ. سەلەي چاققان كاتتا سورۇن بولۇۋاتقان ئۆيگە كىرىپ، قازىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماستىن ئىككى تەرەپتىكىلەرگە سالام بېرىپلا، ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ ئىش كۆڭلىگە كەلگەن قازى بىر تەرەپتىن ئۆتكەننى ئەسلىتىپ سەلەي چاققانغا ئۆزىنى تونۇتۇپ قويۇش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى مېھمانلار ئارىسىدا مەسخىرە قىلىپ ئابرۇيىنى تۆكۈش مەقسىتىدە:

— ئالىغاي كىشىنىڭ كۆزىگە بىرنەرسە ئىككى كۆرۈنسە كېرەك ـ ھە، سەلەي ئاخۇن؟ — دەپتۇ.

سەلەي چاققان:

— توغرا ئېيتتىلا تەقسىر، ھازىر مېنىڭ كۆزۈمگە ئۆزلىرى تۆت ئاياغلىق كۆرۈنۈۋاتىلا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



# ھازىر ئۈنىڭ ئەڭ ئالدىراش ۋاقتى

سەلەي چاققانىنىڭ ئەركەك مۈشۈكى بىردەم ئۆگزىگە چىقسا، بىردەم قازناقتا كىرىپ مىياڭشىپ، قوشنىلارنىڭ ئارامىنى بۇزۇپتۇ. بۇ ئىش كۈندە تەكرارلىنىپتۇ. بۇنىڭدىن رەنجىگەن يۇرت بېگى سەلەي چاققانىنى چاقىرىپ:

— سەلەي ئاخۇن، يېقىندىن بۇيان ئەركەك مۈشۈكلىرى بەك شوخ بولۇپ كېتىپتۇ، نېمانچە تىنىم تاپمايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مۇنداق ئىش، بېگىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — بۇ مۈشۈكنى ئۆتكەن كۈنى پىچتۇرۇۋەتكەنىدىم. شۇڭا، باشقىلار بىلەن تۇزۇشكەن نىكاھ كېلىشىمىنى بىكار قىلىمەن دەپ، تىنىم تاپماي يۈرگەن ئوخشايدۇ.





www.uyghurkitap.com

# ئامبالدىن ئۇزاق ياشايدۇ

ئوپاللىق بىر كىشى:

— سەلەي تاغا، بۇ ئېشەكلىرى شۇنچە ھاڭراپ، قانچىلىك ئۆمۈر كۆرەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ جانىۋار كەم دېگەندە ئۈچ ئامبالنىڭ ئۆمرىنى كۆرىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

«مەنسەپدارلار بىر ئېشەكچىلىكمۇ ئۆمۈر كۆرەلمەيدىكەن» دېگەن بۇ گەپ سۆز - چۆچەككە ئايلىنىپ، ئامبالنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ، سەلەي چاققان ئۆزىنى شۇ زامان سوراقخانىدا كۆرۈپتۇ. ئامبال دەرغەزەپ بىلەن:

— خوش، سەن نېمىشقا «مېنىڭ ئېشىكىم ئۈچ ئامبالنىڭ ئۆمرىنى كۆرىدۇ» دېدىڭ؟ قېنى ئىسپاتلاپ بەر! بولمىسا... — دەپتۇ.

سەلەي چاققان تەمتىرىمەيلا:

— ئالدىنقى ئېشىكىم ئۆلگەندىن بېرى بۇ يۇرتنى ئۈچ ئامبال سوراپ ئۆتتى. ئۇ گەپنى شۇنىڭغا قاراپ ئېيتقانىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



# يامان غەرەزلىك ئادەمنىڭ قىلغان ئىشى

بىركۈنى سەلەي چاققان ئورمان بەلبېغىدا تۇرغانىكەن، ئۇنى كۆرگەن يايى:

— ھە سەلەي ئاخۇن، نېمە ئىش قىلىۋاتىلا؟ قويغان كۆچەتلىرى تۇتۇپتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تۇتۇپتۇ، لېكىن زايە بوپتۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

يايى سۇندۇرۇۋېتىلگەن بىرنەچچە تۈپ كۆچەتنى كۆرۈپ سەلەي چاققاندىن قايتا سوراپتۇ:

— بۇ قانداق ئادەمنىڭ قىلغان ئىشىدۇ؟

— قانداق ئادەمنىڭ ئىشى بولاتتى، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — جىرىم قويۇشنىلا سۆزلەپ، پەرۋىش قىلىشنى بىلمەيدىغان، ھاشارنى تولا سېلىپ، دەل - دەرەخكە ئارام بەرمەيدىغان، يامان غەرەزلىك ئادەمنىڭ ئىشى - دە!



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# مۇشۇ تۇخۇم بولامدۇ؟

سەلەي چاققان يامۇل ئاشخانىسىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئامبال كۈندە دېگۈدەك توخۇ شورپىسى ئىچىدىكەن. بىر قېتىم ئۇ تاماقتىن تازا رازى بولماي:

— ھەي سەلەي ئاخۇن، يېنىمغا كەلسىلە، بۇ شورپىدا گۆشنىڭ تەمى يوققۇ؟ ماڭا نېمە پىشۇرۇپ بەردىلە؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— خاپا بولمىسىلا، دارىن، چوڭ توخۇ تاپالماي بۇ شورپىنى بوۋاق توخۇدا قىلغان. شۇڭا، تەمى چىقمىغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— مەن ئۇقمىدىم، بوۋاق توخۇ دېگەن قانداق گەپ؟ — دەپتۇ ئامبال چۈشىنەلمەي.

— بۇنىڭغا قارىسىلا، — دەپتۇ سەلەي چاققان يېنىدا تۇرغان سېۋەتتىكى تۇخۇمنى كۆرسىتىپ، — بوۋاق توخۇ دېگەن مۇشۇ. جانابلىرىغا پىشۇرۇپ بەرگەن نەق مۇشۇ تۇخۇم بولامدۇ؟

ئامبال گەپ قىلالماي، رەڭگى ئۆڭۈپ كېتىپتۇ.



www.uyghurkitap.com

## دۇتار ـ راۋاب

سەلەي چاققان كىچىكىدىن باشلاپ ئۆيىدىن ساز ـ مۇزىكىلارنى خالىي قىلمايدىكەن. بىر قېتىم ئۇ ئاغرىپ يېتىپ قالغاندا، هال سوراپ كىرگەن بىر مۇتەئەسسىپ چالا موللا ئۇنىڭ ئۆيىدىكى دۇتار ـ راۋابنى كۆرۈپ:

ــ هوي سەلەي ئاخۇن، بۇ قانداق گەپ؟ بۇنداق نەرسىلەر شەيتاننىڭ ئىشى، دۇتار ـ راۋاب بار ئۆيگە پەرىشتە قورقۇپ كىرمەيدۇ... ــ دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان سەلەي چاققان بالا ـ چاقىلىرىغا:

ــ مەن ئۆلگەندە بىر تەرىپىمگە دۇتارنى، يەنە بىر تەرىپىمگە راۋابنى قويۇپ كۆمۈڭلار! سوئال ـ سوراق قىلىدىغان پەرىشتە قورقۇپ كىرەلمىسۇن! ــ دەپتۇ.





www.uyghurkitap.com

# لاي ـ لىلاي

بىر يىلى سەلەي چاققان ئوپالدىكى بىر چوڭ بەگنىڭ ئۆيىدە مەدىكارلىقتا ئىشلەپ لاي توشۇپتۇ. ئارىدا سەلەي چاققان لايىنى يەتكۈزۈپ بېرەلمىگەنلىكتىن، تامچى ئۇستام:

— لاي، لاي، — دەپ قاراپ قاپتۇ. ئۇنىڭغىچە بەگنىڭ مەدىكارلارنى نازارەت قىلىپ تۇرغان چاپارمەنلىرى كېلىپ، سەلەي چاققاننىڭ يوتىسىغا تاياق بىلەن بىرنى ساپتۇ ۋە:

— سەلەي ئاخۇن، تامچى ئۇستام «لاي، لاي» دېسە نېمىشقا تېزراق يەتكۈزمەيسەن؟ ئېغىزدىن چىققۇچە لايىنى تېز يەتكۈز! بولمىسا تاياق يەيسەن! — دەپ قولىدىكى كالتەكنى شىلتىپتۇ. سەلەي چاققان جان ئاچچىقىدا سۈكۈت قىلىپ، ئىشنى قىلىۋېرىپتۇ. يازنىڭ بىر كۈنى سەلەي چاققان ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە لاي سېلىۋاتقانىكەن، ھېلىقى چاپارمەن تامنىڭ تۈۋىدىن «لاي ـ لىلاي، لاي» دەپ ناخشا ئېيتىپ ئۆتۈپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن سەلەي چاققان چاپارمەننىڭ ئەدىپىنى بىر بېرەي دەپ، ئۇنىڭ «لاي ـ لىلاي» ناخشىسىغا توغرىلاپ، بىر چېلەك لايىنى ئۇنىڭ بېشىغا تۆكۈۋېتىپتۇ. بۇنىڭدىن چۆچۈپ كەتكەن چاپارمەن:

— ھوي خۇمپەر، بۇ نېمە قىلغىنىڭ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— كايىمىسىلا، ئۆتكەنكى ئىش يادىلىرىدىمۇ؟ ئاغزىلىرىدىن چىققۇچە لايىنى يەتكۈزمىسەم، يەنە كالتەك بىلەن سەپ كېتەمدىكىن دەپ قورققاندىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان ھېچنەرسە بولمىغاندەك.



## ئوبدان بولامتى؟

نەغمە - ناۋا قىزىغان بىر تويدا ئوپالنىڭ بېگى سەلەي چاققاننى كۆرۈپ قاپتۇ. قارىسا راۋابىنى تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتىۋاتقۇدەك. ئۇنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كېلىپ:

— سەلەي ئاخۇن، سىلى دانىشمەن ئادەم، يەنە نېمە ئۈچۈن راۋاب چېلىپ، ياش باللارغا ئوخشاش بۇرۇت قويۇپ ئۆزلىرىنى ياساپ يۈرىدىلا؟ بۇ قىلغانلىرى ئوبدان بولماپتۇ، — دەپتۇ.

— بېگىم، «ياشلىقىم — پادىشاھلىقىم» دېگەن گەپ بار، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ياش باللارغا ئوخشاش پاكىز، رەتلىك يۈرۈش ئەدەپتۇر. بۇ كۆڭۈلنىڭ قېرىمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. خەققە ئوخشاش قاقتى - سوقتى قىلىپ ئۆي ياسىسام ئوبدان بولامتى؟





# قايتىپ كېتەي دېگەنىدىم

سەلەي چاققان بىر يىلى ئىلىخوغا ماڭغان كىشىلەر بىلەن بىللە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار ئىلى دەرياسى بويىغا كەلگەندە، كېمىگە ئولتۇرۇپ قارشى تەرەپكە ئۆتمەكچى بولۇپتۇ.

ئۇلار دولقۇنلاپ تۇرغان دەريادا كېتىۋاتقاندا، كېمە باشقۇرغۇچى كېمىنى قەستەن سىلكىندۇرۇپ:

— كۆپچىلىك، كېمە چۆكۈپ كېتىدىغان بولدى، بىر لەھەڭ كېمىنى تۇسىۋالدى. سەدىقە بېرىڭلار! — دەپ كۆپچىلىكنى قورقۇتۇپ، پۇل ئۇندۇرمەكچى بوپتۇ. شۇ ئارىدا سەلەي چاققان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، كېمە باشقۇرغۇچىغا بەش تەڭگە سۇنۇپ:

— سەدىقەمنى ئېلىپ، كېمىنى تۇسىۋالغان ھېلىقى لەھەڭنى ماڭا كۆرسىتىپ قويسىلا، — دەپتۇ. كېمە باشقۇرغۇچى ھەيران بولۇپ:

— ئۇنى نېمە قىلىلا؟ — دەپ سورىغانىكەن، سەلەي چاققان ئۇنىڭغا:

— مەن ئالتە شەھەردىن كەلدىم، كېمىلىرى چۆكۈپ كېتىدىغان ئىش بولسا، مەن شۇ لەھەڭگە مىنىپ، قايتىپ كېتەي دېگەنىدىم، — دەپتۇ.



## بىرلا نەرسىنى يەپ باقمىدى

ئامبال كاتتا چاي ئۆتكۈزۈپ، يۇرت بايلىرىنى كۈتۈۋالماقچى بولۇپتۇ. مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن، سەلەي چاققانىنىمۇ تەكلىپ قىپتۇ. ئۇلار داستىخان ئۈستىدە ئۆزلىرىنىڭ ئۆمرىدە يېگەن - ئىچكەنلىرىنى ماختىشىپ، سەت كېكىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇ ئارىدا ئامبال:

— مەن بۇ دۇنيادا كۆزۈم كۆرگەن، قولۇمغا ئىلىنغان بارلىق نازۇنېمەتلەرنى يەپ، تېتىپ باقتىم، پەقەت بىرلا نەرسىنى تېخى يەپ باقمىدىم، ئۇ زادى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ ئولتۇرغان بايۋەچچىلەردىن.

— غوجام راست ئېيتىدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاققان ئەتراپقا بىر قور قاراپ، — غوجام بىرلا نەرسىنى يەپ باقمىدى. ئۇ بولسىمۇ ئوت. ئاغزى كۆيمىسە، ئوتنىمۇ يەيتتى. بىراق، بۇ دۇنيادا يېيەلمىگىنى بىلەن ئۇ دۇنياغا بارغاندا راسا تويغۇدەك يەيدىغان بولدى - دە!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پۈتۈن خىيالىم پۇلدا بولۇپ كېتىپتۇ

سەلەي چاققان قومۇلغا بېرىپ ساتىراشلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، شەھەردىكى بىر كاتتا باي چېچىنى چۈشۈرگىلى كىرىپتۇ.

سەلەي چاققان بۇ باينىڭ ئىنتايىن ساختىپەز، قىزىل كۆزلۈكىنى ئاڭلىغانىكەن. سەلەي چاققان ئۇ باينىڭ چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، بېشىنى كېسىپ ساپتۇ. باي مەنپەئەت ئۈندۈرۈۋېلىش مەقسىتىدە سەلەي چاققاننىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىپتۇ. سەلەي چاققان مەھكىمىگە چاقىرتىلىپتۇ، قومۇل ۋاڭى ئۇنى سوراق قىلىپ:

— سەلەي ئاخۇن، سىلى شۇنچە يىراق يەردىن كېلىپ، يۇرتىمىزنىڭ كاتتا ئاقساقىلىنىڭ بېشىنى كېسىۋېتىپلا، جاۋابكارلىق سۈرۈشتە قىلىنسا، قانچە پۇل تۆلەيدىغانلىقلىرىنى بىلەملا؟ — دەپتۇ.

— ۋاڭ بېگىم، پۈتۈن خىيالىم بۇ ئاقساقالنىڭ ماڭا نەچچە تەڭگە بېرىشىدە بولۇپ كېتىپ، كېسىپ ساپتىمەن. جاۋابكارلىقنى خىيالىمنى بۆلۈۋەتكەن ھېلىقى پۇلغا ئارتساق قانداق؟ — دەپتۇ سەلەي چاققان.



# جىمى گۇناھ بۇرنۇمدا

سەلەي چاققان يامۇلدا ئىشلەپ يۈرگەن چاغلاردا، بىر مەزگىل ئامبالنىڭ مەپىسىنى ھەيدەپتۇ. بىر قېتىم مەپىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، چاۋۇش بېشىنى سوقۇۋېتىپتۇ.

— ھۇ قارىغۇ، مەپىنى كۆزۈڭگە قاراپ ھەيدىسەڭ بولمامدۇ؟ — دەپتۇ چاۋۇش بېشى.

— كەچۈرسىلە چاۋۇش بېگىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — جىمى گۇناھ بۇرنۇمدا، ئۇڭ كۆزۈمگە قاراي دېسەم، بۇرنۇم توسۇۋېلىپ كۆرگىلى قويمىدى.





## «بەك»

سەلەي چاققاننىڭ ئايالى ناھايىتى مېھرىبان ئىكەن، بىركۈنى ئۇ تاماق ۋاقتىدا يېقىنچىلىق قىلىپ سوراپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن، شورپىنىڭ گۆشى تەملىك بوپتىمۇ؟

— ناچار ئەمەس، — دەپتۇ سەلەي چاققان تازا ئېرەن قىلماي.

— سەۋزە، چامغۇرى ياخشى پىشىپتىمۇ؟

— بولغۇدەك.

— پىيىزىچۇ؟

— ئادەتتىكىدەك.

— «بەك»نى قوشۇپ دېيەلمەملا؟ — دەپتۇ ئايالى خاپا بولغان ھالدا ئېرىگە شورپىنى سۇنۇۋېتىپ.

سەلەي چاققان شورپىنى بىر ئوتلاپتۇ - دە، ۋارقىراپتۇ:

— بەك، بەك قىزىقكەن.





# خۇشامەت

سەلەي چاقان خان ھۇزۇرىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە كەمبەغەللەرگە يان بېسىپ، نەپسانىيەتچى ئەمەلدارلارغا ئېگىلمەيدىكەن، ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايدىكەن، بىر قېتىم ئامبال ئۇنى چاقىرىپ:

— سەلەي ئاخۇن، ئاڭلىسام، ئوردىدا ئوبدان ئىشلەپ يۈرۈپلا. بىراق، بىر ئىشلىرى ماڭا ياقمىدى. مەن دېگەن بۇ يۇرتنىڭ ئامبىلى، سىلى نېمە ئۈچۈن ماڭا ئېگىلىپمۇ قويمايلا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئامبال بېگىم، سىلىنىڭ پۇللىرى بولغان بىلەن ماڭا بىكارغا بىر تىيىن بەرمەيلا. مەن نېمە دەپ سىلىگە ئېگىلىمەن؟

— ئۇنداق بولسا سىلىگە مال - دۇنيايىمنىڭ ئوندىن ئىككىسىنى بەرسەم، ماڭا ئېگىلەملا؟

— بۇ ئادىللىق ئەمەس، مەن ئېگىلمىسەم نېمە بوپتۇ؟ بۇنداق قىلىشنىڭ ماڭا زۆرۈرىيىتى يوق! — دەپتۇ سەلەي چاقان تېرىكىپ.

— ئۇنداق بولسا مال - دۇنيايىمنىڭ يېرىمىنى سىلىگە بېرەي، — دەپتۇ ئامبال، — ئەمدىغۇ بىرەر قېتىم بولسىمۇ «ئامبال غوجام» دەپ ئېگىلىپ قويارلا؟

— ئۇنداقتا ئىككىمىز تەڭ - باراۋەر بولۇپ قالىمىز، — دەپتۇ سەلەي چاقان سەل ئويلىنىۋېلىپ، — ئۇ ھالدا ئۆزلىرىگە ئېگىلىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ.

— مال - دۇنيايىمنىڭ ھەممىسىنى، ھەتتا بىر يۈرۈش ئۆيۈمنىمۇ سىلىگە بېرەي. ئەمدىغۇ گەپ يوق ماڭا ئېگىلىپ، ھەر كۈنى تەزىم قىلارلا؟

— ھەممەتلىرىگە رەھمەت، ئامبال بېگىم، راستىنىلا شۇنداق بولسا، مەن قەشقەر بويىچە كاتتا باي بولۇپ كېتىمەن... — دەپتۇ سەلەي چاقان، — ئۆزلىرىگە خۇشامەت قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ. مېنى كەچۈرسىلە!



## ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىۋالسۇن دەپ

سەلەي چاققان ئۇپال بازىرىدىن سېتىۋالغان توخۇنى كۆتۈرۈپ، كۆۋرۈك بويىدىكى مەنمەنچى باينىڭ ئىشىك ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، باي بوغۇق ئاۋازدا:

— سەلەي ئاخۇن، مېكىيانلىرىنى قەيەرگە ئويناتقىلى ئېلىپ ماڭدىڭلا؟ — دەپ مەسخىرە قىپتۇ. سەلەي چاققان:

— باي ئاكا، خاتا كۆرۈپ قاپتىلا، بۇ مېكىيان ئەمەس، خوراز. بۈگۈن بازار كۈنىدە ئۆزلىرىنىڭ مېكىيانلىرى بىلەن ئويناپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىۋالسۇن، دەپ بۇ مەھەللىگە ئېلىپ كېلىشىم، — دەپتۇ.

باي ئىزا - ئاھانەتتىن كېكەچلەپ:

— ھۇ بەتبەخ، — دېگىنىچە گەپ قىلالماي قاپتۇ.





# قەنتتەك گەپ قىلدىلا

سەلەي چاقنىڭ بىر باي قوشنىسى ئېھتىياتسىزلىقتىن چوڭقۇر كۆلگە چۈشۈپ كېتىپ، سۇ ئۈزۈشنى ئۇقمىغاچقا، سارائىلارچە تولاپ قۇ- تۇلدۇرۇشنى تىلەپتۇ.

— بىر ئاز تەخىر قىلسىلا، — دەپتۇ سەلەي چاقان، — مەن دەرھال ئۆيلىرىگە كىرىپ سۇ ئۈزۈشنى ئوبدان بىلىدىغان خىزمەتكارلارنى چاقىرىپ چىقاي.

— سەلەي ئاخۇن، توختاپ تۇرسىلا، ھازىر كۈن قايسى ۋاق بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ كۆل ئىچىدە پالاقشىپ يۈرگەن باي.

— چۈش بولاي دېدى.

— ئۇنداقتا مەن يەنە ئازراق چىداپ تۇراي، ئۇلار ئىشتىن چۈشكەندە ئاندىن چاقىرسىلا.

— قەنتتەك گەپ قىلدىلا، — دەپتۇ سەلەي چاقان، ھايال ئۆتمەي باينىڭ تۇنجۇقۇپ قېلىشىنى بىلىپ، — دېگەنلىرىدەك بولسۇن.



## يېيىش ئۈچۈنمۇ ياكى تانسا ئويناش ئۈچۈنمۇ؟

سەلەي چاققان «ئەتىرگۈل» ئاشپۇزۇلىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر بايۋەچچە كىرىپ قورۇما بۇيرۇپتۇ. سەلەي چاققان بىر تەخسە توخۇ گۆشى قورۇمىسىنى ئەپكىلىپ، مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇپ ئۆز ئىشىغا مېڭىپ تۇرۇشىغا، مېھمان ئۇنى چاقىرىپ:

— ھەي مۇلازىم، بۇ قانداق بولغىنى؟ تەخسىدىكى توخۇنىڭ بىر پۇتى ئۇزۇن، بىر پۇتى قىسقا تۇرىدىغۇ؟ — دەپتۇ.

— ھەي ئۇكام، — دەپتۇ سەلەي چاققان كۈلۈپ تۇرۇپ، — كۆڭۈللىرى يېرىم بولمىسۇن، سىلى بۇ توخۇنى يېيىش ئۈچۈن بۇيرۇتقانمۇ ياكى تانسا ئويناش ئۈچۈنمۇ؟





## مانتا ئىچىدىن ئادەم چىقتى

شەھەردە ئاشخانا تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدىغان بىر ئاشخانا بار ئىكەن، بىر قېتىم سەلەي چاققان ئاشۇ ئاشخانىدا مانتا يەۋېتىپ تۇيۇقسىز:

— ھەي جامائەت، قاراڭلار، ماۋۇ مانتا ئىچىدىن ئادەم چىقتى، — دەپ ۋارقىراپتۇ. خېرىدارلار ئەجەبلىنىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپتۇ. بۇ تاسادىپىيلىقتىن خاپا بولغان غوجايىن ئاچچىقلىنىپ:

— سەلەي ئاخۇن، ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ مانتىنىڭ ئىچىگە قانداقمۇ ئادەم پاتسۇن؟ — دەپتۇ.

— ئەمىسە، مانتىنىڭ ئىچىدە ئادەم بولمىسا، بۇ بىر غېرىچ چاچ نەدىن كەلدى؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاققان.





www.uyghurkitap.com

## ئىككى ھەپتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئاندىن كېلەي

سەلەي چاققان بىر باغقا كىرىپ، شاختىكى ئەڭ چوڭ قىزىل ئالمىنى كۆرسىتىپ:

— ئاۋۇ ئالما نەچچە پۇل؟ — دەپ سوراپتۇ. باغۋەن:

— ئون تىيىن بەرسىلە بولىدۇ، — دەپتۇ.

سەلەي چاققان:

— ھازىر يېنىمدا پەقەت 2 تىيىنلا بار ئىكەن، — دەپتۇ. باغۋەن شاختىكى يەنە بىر كۆك ئالمىنى كۆرسىتىپ:

— ئاۋۇ ئالمىنى بەرسەم ئالامدىلا؟ — دېگەنىكەن، سەلەي چاققان:

— بولىدۇ، ئەمما ھازىرچە ئۈزمەي تۇرسىلا، مەن ئىككى ھەپتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئاندىن كېلەي، — دەپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# دىدارلىرىنى كۆرۈۋالسۇن

سەلەي چاققاننىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن غەزەپلەنگەن ئامبال:

— بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ مەھكىمە تەرەپكە ئالدىڭنى قىلغۇچى بولما! — دەپ سەلەي چاققاننى ھۇزۇرىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

ئارىدىن بىرقانچە ئاي ئۆتۈپ، ئامبال مۇلازىملىرى بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇ. يولدا ئۇچرىغان كىشىلەر ئۇنىڭغا بېشى يەرگە تەگكۈچە ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ. كىشىلەر ئارىسىدا بىر ئادەم ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغانىكەن. بۇنى كۆرگەن ئامبال ئەجەبلىنىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— نېمە ئادەمسەن، بۇ قانداق قىلىق؟

— بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى «مەھكىمە تەرەپكە ئالدىڭنى قىلغۇچى بولما» دېگەنلىرى ئېسىلىرىدە بولسا كېرەك، تەقسىر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان، — بۈگۈن ھەزرەتلىرىنىڭ ئوۋغا چىقىدىغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ دىدارلىرىنى ئارقام بولسىمۇ كۆرۈۋالسۇن، دەپ بۇ يەردە تۇرغانىدىم.



**图书在版编目(CIP)数据**

漫画赛来·恰坎幽默与智慧. 11~20：维吾尔文 / 乌其洪江·玉麦尔撰文；阿迪力·阿布力孜绘画. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社，2015.11
ISBN 978-7-5469-7808-6

Ⅰ. ①漫… Ⅱ. ①乌… ②阿… Ⅲ. ①维吾尔族-笑话-作品集-中国-维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ. ①I277.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 277267 号

| | | | |
|---|---|---|---|
| 选题策划： | 亚森·吾不力哈斯木 | 美术编辑： | 阿扎提·巴拉提 |
| 责任编辑： | 吐尔洪·吐尼牙孜<br>吾尔亚提·尼亚孜 | 责任复审： | 吐尔洪·吐尼牙孜 |
| | | 责任决审： | 亚森·吾不力哈斯木 |
| 责任校对： | 吾尔亚提·尼亚孜 | 责任印制： | 刘伟煜 |

| | |
|---|---|
| 书　名 | 漫画赛来·恰坎幽默与智慧(16)(维吾尔文) |
| 撰　文 | 乌其洪江·玉麦尔 |
| 插　图 | 阿迪力·阿布力孜 |
| 出　版 | 新疆美术摄影出版社(www.xjdzyx.com) |
| 地　址 | 乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号(邮编 830026) |
| 发　行 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 网　购 | 当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店 |
| 制　版 | 新疆读读精品网络出版有限公司数字印务中心 |
| 印　刷 | 新疆新华华龙印务有限责任公司 |
| 开　本 | 787 mm × 1092 mm　1/16 |
| 总印张 | 30 |
| 版　次 | 2015 年 11 月第 1 版 |
| 印　次 | 2016 年 6 月第 1 次印刷 |
| 书　号 | ISBN 978-7-5469-7808-6 |
| 总定价 | 100.00 元 (全十册) |

网络出版　读读网(www.dudu-book365.com)

网络书店　淘宝网·新疆旅游书店(http://shop67841187.taobao.com)

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئازات بارات

دۆلەتلىك مىللىي يېزىقتىكى نەشر بۇيۇملىرى مەخسۇس مەبلەغكە ئېرىشكەن تۈر
国家民族文字出版专项资金资助项目



ISBN 978-7-5469-7808-6
9 787546 978086 >
总定价：100.00元（全10册）

10.00元

دۇدۇ سەرخىل كىتابلىرى
dudu
www.dudu-book365.com